# دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇم ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. نۇقتىلىق رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرى داۋاملىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر ئاغرىق مەسىلىلىرىنى ئىلمىي، دەل جايىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى ياخشى ئىشلەپ، دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارنى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىخەتەرلىك توسۇقىنى پۇختىلاش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، بولۇپمۇ خۇبېي ئەتراپىدىكى ئۆلكىلەر ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ساغلاملىق كودىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەتنىڭ بىرتۇتاش بولۇشى، ئۆلچەمنىڭ بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پايتەختنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلار كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى تېخىمۇ زىچ، پۇختا توقۇپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق يوچۇقلارنى ئېتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: قورۇقلۇق، دېڭىز پورتلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاجىز ھالقىلارنى تېز تولۇقلاش كېرەك. چېگرا شەھەرلەرگە قارىتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خادىملىرى ۋە ماددىي ئەشيا كاپالىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سەھىيە ـ كارانتىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى، داۋالاش ـ پەرۋىش كۈچلىرى، ئايرىش شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ماسلاشتۇرۇپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. چېگرادىن كىرگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتا 14 كۈن مەركەزلىك ئايرىۋېتىش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا سىرتىدىن كىرىشنىڭ يەرلىك ئاغرىق مەسىلىلىرى بىلەن باغلىنىپ قېلىشىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پائال تۈردە خەلقئارا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق زورايماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ۋاقىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماي كەسىپ ئايلىنىشى، بازار ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشى كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ساھەلەر ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى يۆلەشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كۈچەپ كېڭەيتىپ، تۈرلۈك سودا سارايلار، بازارلاردا ئىشنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ نورمال تىجارىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالىنى پائال كېڭەيتىپ، سېلىنما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاشلىق زاپىسى يېتەرلىك، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشقا تولۇق ئىقتىدارى بار. ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاشلىق بازىرىدا باھانى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چوشقا گۆشى، مېۋە، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، تەشكىللەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، بازار تەمىناتى ۋە باھانىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى، نەپىقە ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنىڭ كاپالەت ئۆلچەملىرىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ، يۇقۇم ۋە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلارغا ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ، مۇناسىۋەتلىك باھا ياردەم تولۇقلىمىسى بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنى ۋاقتىدا قوزغىتىش كېرەك. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىشسىزلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇش كېرەك. ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا، بىخەتەرلىك بىرىنچى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلىشى كېرەك. تۈرلۈك بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىق لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇربىنىڭ يېتىشىچە داۋاملىق ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىشنى، داۋالاش ـ سەھىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قاتار تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئىجابىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىز جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى چياۋمىنلىرىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى پائال قوللاشقا ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى ھەمدە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى ھەم ياخشى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىدا پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلار. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئافرىقا ئىتتىپاقى ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىنى تۈركۈم بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، ئىككى تەرەپ مۇتەخەسسىسلىرى كۆپ قېتىم سىن ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى، نۇرغۇن جۇڭگو كارخانىلىرى، يەرلىك، ئەلئارا ئاپپاراتلارمۇ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى مەدەتتى بىلەن پائال تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنى داۋاملىق قوللاپ، ئافرىقا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئافرىقىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن بىرلىكتە، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئالاقىدار نەتىجىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، ئافرىقا ۋە يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

رامافوسا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنى تىزگىنلەپ، باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئافرىقىنى تۈرلۈك قوللاش بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى قىيىن پەيتتە جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قىممەتلىك ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىزنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. مەن سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەر شارىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن. جەنۇبىي ئافرىقا داۋاملىق جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنى قوللاپ، جەنۇبىي ئافرىقا ـ جۇڭگو ۋە ئافرىقا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامرىدى، تۈركىيەمۇ كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە تۈركىيە خەلقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. جاپالىق، ئاجايىپ تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ئەمدىلا ئەڭ قىيىن مەزگىلدىن ئۆتتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە. بىز داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى ئىمكانقەدەر كۆپ ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىمىز. جۇڭگو تەرەپ تۈركىيە تەرەپكە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر قىسىم ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بەردى ھەم ئىككى دۆلەت داۋالاش ـ سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرىنى سىن ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلەندى. جۇڭگو تەرەپ تۈركىيە تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن داۋاملىق تۈردە تۈركىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ھەم تۈركىيە تەرەپنىڭ جۇڭگودا داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىشنى ۋە ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى خالايدۇ. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈركىيەنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، ئىرق ئايرىمايدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت پەقەت بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرگەندىلا، ئاندىن جەڭدە غەلىبە قىلالايدۇ. جۇڭگو ـ تۈركىيە ئىككى تەرەپ زىچ ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا ھاسىل قىلىنغان ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ قوشۇشى كېرەك. ئىككى دۆلەت قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئەردوغان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئورتاق ئۇرۇش. جۇڭگو خەلقى باتۇرانە تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۇنياغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. جۇڭگو پۈتۈن كۈچى بىلەن دۇنيا ئۈچۈن داۋالاش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ ۋە تەمىنلەپ، دۇنيانى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. تۈركىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا قوللىشى، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان دوستلۇقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەنگەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ تۈركىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقىغا ھەم تۈركىيە تەرەپنىڭ جۇڭگودا داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت. تۈركىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سودا، پۇل مۇئامىلە، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە، خەلقىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

# ئاپتونوم رايون يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئېچىپ، 2019 ـ يىلىدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا مۇھىتىنى تۈزەش بۇ يىل جەزمەن ھېساب ئۆتكۈزىدىغان قاتتىق ۋەزىپە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئاممىۋى سەھىيەسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ھەم پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ھەم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلماي، ھەقىقىي تۈردە كەڭ دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خەلق تۇرمۇشى چوڭ ئىشنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەنتلەرنى پاكىزلاش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش، باشقا نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

### پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

# ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش سىستېمىسى، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى، سىياسەت، تۈزۈم سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ساھەسىنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن تېخىمۇ كۆپ ھەربىينى شىنجاڭدا تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاممىۋى پىكىر تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەربىيلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەربىيلەرنى قەدىرلەيدىغان قويۇق كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك. ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، تەقدىرلەش، خاتىرىلەش، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ـ ئورتاق بەرپا قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مۇلازىمەت ـ كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك.

نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر مۇلازىمەت مەركىزى(پونكىتى) 7806گە يېتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە قارىتىلغان مۇلازىمەت ـ كاپالەت سىستېمىسىنىڭ تولۇق قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## ئاپتونوم رايون ۋە نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش 24 سائەتلىك مۇلازىمەت تېلېفون نومۇرى ئېلان قىلىندى

**ئۆز خەۋەرىمىز** نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش 24 سائەتلىك مۇلازىمەت تېلېفون نومۇرى ئېلان قىلىندى:

**1. ئاپتونوم رايون**
0991 ـ 2311317

**2. خوتەن ۋىلايىتى**
لوپ ناھىيەسى: 0903 ـ 6623932
كېرىيە ناھىيەسى: 0903 ـ 6817281
گۇما ناھىيەسى: 0903 ـ 6423236، 6422652
قاراقاش ناھىيەسى: 0903 ـ 6564310
چىرا ناھىيەسى: 0903 ـ 6710991

**3. قەشقەر ۋىلايىتى**
قاغىلىق ناھىيەسى: 0998 ـ 7282587، 7281589
يەكەن ناھىيەسى: 0998 ـ 8527663
يېڭىسار ناھىيەسى: 0998 ـ 5734984
پەيزاۋات ناھىيەسى: 0998 ـ 6735687

**4. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى**
ئاقتۇ ناھىيەسى: 0908 ـ 5725333، 5728444